# 128163 - بىلىم ئېلىش، جىھاد قىلىشتىن ئۈستۈندۇر

## سوئال

ھازىرقى ۋەزىيەتتە  ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئەۋزەلمۇ ياكى بىلىم ئېلىپ مىللەتكە پايدا يەتكۈزۈپ، ئۇلاردىكى جاھىللىق ۋە نادانلىقنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە تۆھپە قوشۇشمۇ؟، ئاتا-ئانىسىدىن رۇخسەت سورىماستىن جىھادقا چىقىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئىلىم تەلەپ قىلىش جىھادنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، بىلىم ئېلىش ۋە دىننى چۈشىنىش مۇسۇلمان ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش شارائىتى ھازىرلانغان بولسا ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدا **«شەرئى»** جىھاد  دەپ ئاتالسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جىھادقا ئىشتىراك قىلىش ئەۋزەل ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىدە گەپ يوق،  ئەمما سىزنىڭ دىندا بىلىشكىز زۆرۈر بولغان ئىشلارنى  ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىشكىز بولسا جىھادتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى دىنى پرىنسىپلارنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ۋاجىپتۇر. جىھاد بولسا ياخشى كۆرۈلگەن ئەمەللەردىن بولۇپ، پەرزى كۇپايىدۇر. مۇسۇلمانلاردىن بەزىلەر جىھادقا ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان بولسا، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ. لېكىن ئىنسانىنىڭ  ئىلىم تەلەپ قىلىشى ۋە دىننى چۈشىنىشى بولسا، ناھايىتى مۇھىم ئىشلاردىن سانىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ، كىمنىكى ئىسلام يولىدا جىھاد قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىپ، ئۇنىڭغا قادىر بولالىسا قاتنىششى يوللۇق بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخستىنى ئېلىشى كېرەك.

ئەمما **«جىھاد پەرز ئەيىن»** يەنى مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە كاپىرلار ھۇجۇم قىلسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جىھاد بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ۋاجىپ بولۇپ، (يەنى شۇ يۇرت ئەھلى ئۈچۈن پەرزى ئەيىن، باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزى كۇپايە ھېسابلىنىدۇ) مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ۋە ئۆز ھەققىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش، دۈشمەننىڭ يامانلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ھەممەيلەننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ. ھەتتا ئاياللارنىڭمۇ قادىر بولالىغىنىغا قەدەر دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇشى ۋاجىپ بولىدۇ

ئەمما يۇرتىدىن ئايرىلىپ جىھاد قىلىش بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يۈرۈش قىلىپ جىھاد قىلىشى بولۇپ، بۇ ئەرلەر ئۈچۈن پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.